# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021 ـ يىل 2 ـ ئاي
25
پەيشەنبە
维吾尔文 2 月25日
25343 ـ سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تىرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 تىيانشان تورى: www.ts.cn


## «ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن، خۇ جىنتاۋنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخى توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن ئۈزۈندە» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت، ماتېرىيال تەتقىقات يۈرتى تەھرىرلىگەن «ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن، خۇ جىنتاۋنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخى توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن ئۈزۈندە» ناملىق كىتاب يېقىندا مەركىزىي ھۆججەت، ماتېرىيال نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە تارقىتىلدى.

تارىخنى ئۆگىنىش ۋە يەكۈنلەشكە ئەھمىيەت بېرىش، تارىخىي تەجرىبىلەردىن ئۆرنەك ئېلىش ۋە ئۇنى قوللىنىشقا ماھىر بولۇش پارتىيەمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. جۇڭگو ئىنقىلابى، قۇرۇلۇشى، (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتكەن ئۇلۇغ ھەل قىلغۇچ جەڭ

## ـــ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۈز مىليونلىغان خەلقنى يېتەكلەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى

بۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى مەڭگۈلۈك ئابىدە ـــ

نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان قىيناپ كەلگەن مۇتلەق نامراتلىق بىز بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ قولىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىندى.

بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى ئۇلۇغ مۆجىزە ـــ

سەككىز يىلدا 100 مىليونغا يېقىن ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، دۇنيادا باشقا ھېچقانداق بىر دۆلەت مۇشۇنداق قىسقا ۋاقىتتا بۇنى ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ.

ئۆزگىچە خۇشبۇي پۇرار جەڭگاھتىكى جۇخارگۈلى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يۈز مىليونلىغان خەلقنى يېتەكلەپ، «بىرىمۇ كەم بولسا بولمايدۇ» دېگەن جاراڭلىق قەسىمى بىلەن «قورغاننى ئالمىغۇچە قايتمايدىغان» پولاتتەك ئىرادە بىلەن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى نىشانغا قاراپ يۈرۈش قىلىشنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلىدى.

### ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرىدىغان ئىستراتېگىيەلىك پىلان

**ـــ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇلۇغ ھەل قىلغۇچ جېڭىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ كەڭ تارىخىي نەزەر ۋە خەلققە بولغان چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن بۈرچنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، يول باشلاپ رولچى بولۇپ، قوماندانلىق قىلىپ جەڭگە ئاتلاندى**

گۈيجوۇ چيەنشى ناھىيەسىنىڭ خۇاۋۇ كەنتى، تاغنىڭ ئىچكىرىسى باھار تۈسىگە كىرگەنىدى.

قاتمۇقات تاغلار ئايرىپ تۇرغان، خەتەرلىك ئېقىنلار ئوراپ تۇرغان بۇ مياۋزۇلار كەنتىدە نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى ئىلگىرى 63.6%كە يەتكەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خاس تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ۋە ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، نامرات نوپۇسنى نۆللەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

بۇ يىل چاغاننىڭ ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەخسۇس بۇ يەرگە كېلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى تەكشۈردى.

كەنت ئاھالىسى جاۋ يۈشۈ ئائىلىسىدىكىلەر تۆت يىل ئىلگىرى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ئارقىلىق ئىككى قەۋەتلىك كىچىك بىناغا كۆچۈپ كىرگەنىدى. جاۋ يۈشۈ باش شۇجىغا مۇنداق دېدى: ھازىر ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز سىرتتا ئىشلەمچىلىك قىلىۋاتىمىز، بىر يىلدا 40 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدۇق، ئۈچ بالىمىزنىڭ ئوقۇش پۇلى ۋە ياتاق، تاماق پۇلى پۈتۈنلەي ھەقسىز. باش شۇجى كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىڭلارنىڭ تېخىمۇ بەختلىك، تېخىمۇ شېرىن بولۇشىغا تىلەكداشمەن!»

بەخت تىلەنگەن بىر جۈملە سۆزدە لىپمۇلىق كۆڭۈل بۆلۈش بار بولۇپ، ئۈمىد بىلەن تولغان.

سەلتەنەتلىك چوڭ دۆلەت باشلامچىسىنىڭ قەلبىدە «خەلق» دېگەن سۆزنىڭ سالمىقى مەڭگۈ ئەڭ ئېغىر. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىلگىرى سەممىيلىك بىلەن مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق بولسا مەن خاتىرجەم بولالمايمەن. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ھەربىر قېتىم ياخشىلانسا مەن خۇشال بولىمەن».

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئۇقتۇرۇش بېسىپ تارقاتتى

## باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى «باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقاتتى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇش، پۈتۈن پارتىيەدە شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، تېخىمۇ ياخشى ھالدا تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، تارىخىي قانۇنىيەتنى تونۇش، تارىخىي تەشەببۇسكارلىقنى ئىگىلەش، تېخىمۇ قۇدرەتلىك ماركسىزملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە قۇرۇپ چىقىش، جاسارەت بىلەن يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم، زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە ۋەزىيەت ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەنگەن، نەزەر دائىرە كەڭ، ئىدىيە چوڭقۇر بولۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىرقى بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇشى، ياخشى تۇتۇشى، رەھبەرلىك بەنزىلىرى مەخسۇس ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇپ مەركەزلىك ئۆگىنىپ، مۇھاكىمە قىلىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى مەخسۇس تېمىدا ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، سۆزنىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى، روھىي ماھىيىتى ۋە ئەمەلىيەت تەلىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزلەشتۈرۈشى كېرەك. تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەپ، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. (ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن

## دۆلەت ئۇنىۋېرسال ئىستېرېئولۇق قاتناش تورى يىرىك پىلان پىروگراممىسىنى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «دۆلەت ئۇنىۋېرسال ئىستېرېئولۇق قاتناش تورى يىرىك پىلان پىروگراممىسى»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«يىرىك پىلان پىروگراممىسى»دا شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، تەرەققىيات نىشانى مۇنداق ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: 2035 ـ يىلغا بارغاندا، قولاي، راۋان، تېجەشلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، يېشىل، ئىلغار، بىخەتەر، ئىشەنچلىك بولغان زامانىۋىلاشقان يۇقىرى سۈپەتلىك دۆلەت ئۇنىۋېرسال ئىستېرېئولۇق قاتناش تورى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىلىپ، خەلققىمۇ بىلەن دۆلەت ئېچىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش، (ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنى ئاچتى

## ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى پۇختا ياخشى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **يۈەن لىپى** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە (ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى

## پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىپ، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، (ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى

## ئۆگىنىش نەتىجە ـ ئۈنۈمنى سىياسىي كېڭەش خىزمىتىدە يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاڭ يۈنپى** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيەدە (ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

100 يىللىق كۈرەش يولى يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

# پارتىيە دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپلا بۇ تۇپراققا زىچ كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى

### [ئىستون سۆزى]

بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت، ماتېرىيال تەتقىقات يۈرتى بىلەن بىرلىشىپ «چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» ئىستونىنى ئاچتى، بىز ۋاقىتنى ئۇق قىلىپ، 100 يىلدىن بۇيان پارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى مۇھىم ئىشلىرى، مۇھىم ۋاقىت تۈگۈنى، مۇھىم شەخسلەر، مۇھىم بايانلار قاتارلىقلارنى باغلاپ، سىز بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى كۆزلەپ كۈرەش قىلىش مۇساپىسىنى قايتا ئەسلەپ ئۆتىمىز. ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

جەۋلان قىلغان قىزىل بايراق
100 پارتىيە شىنجاڭدا

چوڭ ئىشلار خاتىرىسى

### 1921 ـ يىلى

**7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك 1 ـ قۇرۇلتىيى شاڭخەي ۋە جېجياڭ جياشىڭدىكى نەنخۇ كۆلىدە ئېچىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى دۇنياغا كەلدى.

شۇ يىلى، فېئودال يەرلىك مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن (1912 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1928 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە)نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭدا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق سىياستى داۋاملىشىپ، چىرىك فېئودال خان ـ تۆرە تۈزۈمى ساقلاپ قېلىنغان، ئىچكى جەھەتتە خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياستى يۈرگۈزۈلگەن، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى تاقاش تەدبىرى يولغا قويۇلغانىدى، ئەينى ۋاقىتتا ئىچكىرى رايونلاردا مىلىتارىستلار توختىماي قالايمىقان ئۇرۇش قىلىۋاتقان، «4 ـ ماي» ھەرىكىتى داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، رۇسىيە «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» تارىختا يېڭى دەۋر ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ يەنىلا ئاتالمىش «چېگرا رايوندىكى گۈزەل ماكان» بولۇپ، چوڭ تەسىرگە ئۇچرىمىغان.

### 1922 ـ يىلى

**7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە** پارتىيە 2 ـ قۇرۇلتىيى شاڭخەيدە ئېچىلدى، قۇرۇلتايدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش دېموكراتىك ئىنقىلاب پىروگراممىسى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئەڭ ئالىي پىروگراما بىلەن ئەڭ تۆۋەن پىروگراما پەرقلەندۈرۈلدى، ئەڭ تۆۋەن پىروگراممىدا شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە بار ئىدى. يىغىندا پارتىيەنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالغا كىرىشى قارار قىلىندى.

### 1923 ـ يىلى

**6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە** پارتىيە 3 ـ قۇرۇلتىيى گۇاڭجوۋدا ئېچىلدى، يىغىندا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە پىروگراممىسى لايىھەسى» ماقۇللاندى، شىنجاڭ مەسىلىسىگە ئېنىق دىققەت قىلىندى. قۇرۇلتايدا پارتىيە ئىچىدىكى ھەمكارلىق شەكلى قوللىنىلىپ، گومىنداڭ بىلەن بىرلەشمە ئۇرۇش سېپى قۇرۇش قارار قىلىندى.

### 1928 ـ يىلى

**6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىگىچە** پارتىيە 6 ـ قۇرۇلتىيى موسكۋادا ئېچىلدى، يىغىن قارارىدا شىنجاڭ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى جۇڭگو ئىنقىلابىغا قارىتا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارالدى.

### 1930 ـ يىلى

**كۈز** سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇۋاتقان، خىزمەت قىلىۋاتقان كوممۇنىستلاردىن جاڭ يىۋۇ، شيۇڭ شياۋيۈەن قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئەزاسى سالاھىيىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كېلىپ پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

كېڭەيتىپ ئوقۇش



جېجياڭ جياشىڭدىكى نەنخۇ كۆلىدىكى قىزىل كېمە ـــ پارتىيە 1 ـ قۇرۇلتىيى يىغىن ئورنىنىڭ بىرى



پارتىيە 3 ـ قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە پىروگراممىسى لايىھەسى»

7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، پارتىيە 6 ـ قۇرۇلتىيىدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەملىكەتلىك 6 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ مىللەت مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارى» چىقىرىلدى. «قارار»دا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 6 ـ قۇرۇلتىيىدا جۇڭگو چېگراسى ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى (شىمالىي قىسمىدىكى موڭغۇل، خۇيزۇ، مانجۇرىيەدىكى گاۋلىلار، فۇجيەندىكى تەيۋەنلىكلەر، ھەمدە جەنۇبىي قىسمىدىكى مياۋزۇ، لىزۇ قاتارلىق ئىپتىدائىي ھالەتتىكى مىللەتلەر، شىنجاڭ ۋە شىزاڭ) ئىنقىلابقا قارىتا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارالدى، 7 ـ قۇرۇلتايدا قارالما كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈش ھەم پارتىيە پىروگراممىسغا قوشۇشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېتقا 7 ـ قۇرۇلتايدىن بۇرۇن، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى ماتېرىياللىرىنى تەييارلاش ئالاھىدە ھاۋالە قىلىندى».

1930 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ جۇڭگو مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «پارتىيە ئۆزىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان خىزمىتىنى كۈچەيتىشى كېرەك». 1931 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە، جۇڭخۇا سوۋېت مەملىكەتلىك 1 ـ قۇرۇلتىيى رۇيجىندە ئېچىلدى. ماۋ زېدۇڭ جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. بۇ قېتىمقى يىغىندا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇن پىروگراممىسى»دا پارتىيەنىڭ مىللەت سىياستى قانۇن شەكلىدە بېكىتىلدى. قۇرۇلتايدا ماقۇللانغان «جۇڭگو چېگراسى ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توغرىسىدىكى قارار لايىھەسى»دە مۇنداق كۆرسىتىلدى: «جۇڭگو چېگراسى ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە خەنزۇ مىللىتىدىن ئىبارەت جاپاكەش خەلق بىردەك باراۋەر، قانۇندىكى بارلىق ھوقۇق ـ مەنپەئەت، مەجبۇرىيەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ، ھەرقانداق چەكلىمە قويۇلمايدۇ ۋە مىللىي كەمسىتىشكە ئۇچرىمايدۇ».

□ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت، ماتېرىيال تەتقىقات يۈرتى تەمىنلىگەن
□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى فەن خۇڭپى رەتلىگەن